# 49985 - ۋاجىپ بولغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلغاندا روزىنى بۇزىۋېتىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

ۋاجىپ بولغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلغاندا روزىنى بۇزىۋېتىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلانى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

رامىزاننىڭ قازا روزىسى ۋە قەسەمنىڭ كاپارىتىگە تۇتىدىغان روزىغا ئوخشاش ۋاجىپ بولغان روزىنى باشلىغان كىشى كېسەللىك ياكى سەپەر قىلغانلىق سەۋەبىدىن باشقا سەۋەپلەر بىلەن باشلىغان روزىسىنى بۇزۇۋېتىشى توغرا بولمايدۇ. ئۆزۆر سەۋەپلىك ياكى ئۆزۆرسىز بۇ روزىنى بۇزۇۋەتسە، ئۇ كىشىگە شۇ كۈنلۈك روزىنىڭ قازاسىنى قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، بىر كۈنگە بىر كۈن قازا روزا تۇتىدۇ چۈنكى كاپارەت دېگەن پەقەت رامىزاننىڭ كۈندۈزدە ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشىگە ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەگەر روزىسىنى ئۆزۆرسىز بۇزۇۋەتكەن بولسا بۇ ھارام ئىشنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" 4-توم 412-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "رامىزاننىڭ قازا روزىسى، نەزىر روزىسى ياكى كاپارەت روزىسىغا ئوخشاش ۋاجىپ بولغان روزىنى باشلىغان كىشىنىڭ ھېچ ئۆزۆرسىز روزىسىنى بۇزۇۋېتىشى توغرا بولمايدۇ، ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق".

ئىمام نەۋەۋىي "ئەلمەجمۇ" 6-توم 383-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر رامىزاننىڭ روزىسىدىن باشقا قازا روزا ياكى نەزىر روزىسى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا روزىنى تۇتقان كىشى روزىدار ھالەتتە جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ئۇنىڭغا كاپارەت كەلمەيدۇ. بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى. قەتادە رەھىمەھۇللاھ: رامىزاننىڭ قازا روزىسىنى تۇتقاندا جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا كاپارەت ۋاجىپ بولىدۇ دەيدۇ". ["ئەلمۇغنى" 4-توم 378-بەتكە قارالسۇن].

شەيخ بىن باز رەھىمەھۇللاھدىن بىرسى: بىر كۈنى قازا روزا تۇتقان ئىدىم، پېشىندىن كېيىن ئاچلىقنى ھېس قىلدىم، ئۇنتۇپ قالماستىن ۋە بىلمەي قالماستىن قەستەن يەپ-ئىچتىم، بۇنداق قىلغانلىقىمنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دەپ

سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن:" رامزاننىڭ قازا روزىسى ۋە نەزىر روزىسىغا ئوخشاش پەرز بولغان روزىنى تۇتقاندا ھېچ ئۆزۈرسىز روزىنى بۇزۇۋېتىش توغرا بولمايدۇ، سىزگە شۇ كۈنلۈك روزىنى تولۇقلاش ۋاجىپ بولىدۇ، خاتا قىلغان ئىشىڭىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭ، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 15-توم 355-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن بىرسى: مەن بىر قانچە يىل ئىلگىرى قازا روزامنى تۇتقان ئىدىم، كۈندۈزدە قەستەن روزىنى بۇزىۋەتتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈن شۇ روزىنىڭ قازاسىنى تۇتتۇم، بىر كۈنگە بىر كۈن تۇتسام شۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىغا كۇپايە قىلامدۇ ياكى ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتىشىم كېرەكمۇ؟ماڭا كاپارەت كېرەك بولامدۇ؟ جاۋابىڭلارنى كۈتىمەن دەپ سوئال قىلغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئىنسان رامزاننىڭ قازا روزىسى، قەسەمنىڭ كاپارەت روزىسى، نەزىر روزىسى، ھەجدە ئېھراملىق كىشى ئېھرامدىن چېقىشتىن بۇرۇن چېچىنى ئالدۇرىۋەتكەننىڭ پىدىيىسىگە كاپارەت قىلىپ تۇتقان روزىغا ئوخشاش ۋاجىپ بولغان روزىنى باشلاپ، شەرئى ئۆزۈرسىز بۇزۇۋېتىشى توغرا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، ھەر قانداق ۋاجىپ بولغان ئەمەلنى باشلىغان كىشىنىڭ ئۇنى تولۇق تامام قىلىشى لازىم بولىدۇ. بۇزىۋېتىشنى دۇرۇس قىلىدىغان شەرئى ئۆزۈرسىز بۇزۇۋېتىش قەتئىي توغرا بولمايدۇ، بۇ ئايال قازا روزىنى باشلاپ تاماملىماستىن شەرئى ئۆزۈرسىز بۇزىۋېتىپتۇ، شۇ كۈننىڭ روزىسىنىڭ قازاسىنى قىپتۇ، بۇ ئايالغا ھېچ نەرسە كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى قازا دېگەن بىر كۈننىڭ ئورنىغا بىر كۈن بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئايال ۋاجىپ بولغان روزىنى شەرئى سەۋەبسىز بۇزىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى كېرەك". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 20-توم 451-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.